# بالىلارغا سەممىيەتلىكنى ئۆگىتىش

**ئەلىۋكسەل**
**2016-يىلى 6-ئاينىڭ 2-كۈنى**


نوۋئا (Noah) مەۋسۇملۇق ماقالە يېزىش ئىمتىھانىدا چوقۇم ئەلا نەتىجە ئالمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ دوستى جېيىسن (Jason) ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ماقالىنى ئۆزلىرى يازماي، بۇرۇنقىلار يازغان ماقالىلەرنى تاپشۇرىدىغانلىقىنى، ئەگەر نوۋئا خالىسا، ئۇنىڭغا ئاكىسى 3 يىلنىڭ ئالدىدا «ئەلا» نەتىجىگە ئېرىشكەن بىر پارچە ماقالىنى بېرىدىغانلىقىنى دەيدۇ. نوۋئا بۇ ئىشنى قانداق قىلىش ھەققىدە دادىسىدىن مەسلىھەت سورىغاندا، دادىسى بالىسىنىڭ كۆچۈرمىچىلىك قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «بۇ سېنىڭ ھاياتىڭ، شۇڭا مەن ساڭا قانداق قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى دەپ بېرەلمەيمەن. بۇ سېنىڭ شەخسىي قارارىڭ»، دەيدۇ.

بىر دادىنىڭ ئۇنداق دېيىشى مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ يەردە نوۋئانىڭ دادىسى بالىسىنى ئەخلاق جەھەتتىن يېتەكلەشنى رەت قىلىپ، نوۋئانىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈش پۇرسىتىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ بىر يېتەكلىگۈچى بولۇش سالاھىيىتىنىمۇ يوقاتقان. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشتا، بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئۆز ئىرادىسىنى چىڭىتىشقا توغرا كېلىدۇ. نوۋئانىڭ دادىسىنىڭ بۇ ئىشقا ئاكتىپلىق بىلەن ئارىلاشماسلىقى ۋە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ئىستېپا بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، نوۋئانىڭ دادىسىنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، ئۇنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى بىتەرەپلىكىنىڭ نامايەندىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر سەممىيەتلىك بىلەن ئومۇمىي ئەخلاق بار بولسىمۇ بولىدىغان، يوق بولسىمۇ بولىدىغان نەرسە، دېگەننى جاكارلايدىغان باياناتىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ بۇ ھەر بىر ئادەم ئۆزى قارار قىلىدىغان ئىش. نوۋئادا سەممىي بولۇش ياكى سەممىيەتسىز بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش ياكى ئەخلاقسىز بولۇشتىن بىرىنى تاللاش ھوقۇقى بار. بۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئۆز تاللىشى. ئەمما بۇ يەردىكى ھەقىقىي مەسىلە بىر ئەخلاق مەسىلىسى: نوۋئا دادىسىدىن «مەن قانداق قىلسام بولار؟» دەپ سورىماي، «مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. بۇ بىر ئەخلاق ھەققىدىكى سوئال بولۇپ، دادا بۇنداق سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرسا بولمايدۇ.

ئەگەر بىز بالىلىرىمىزدىن گۈزەل ئەخلاق ئاساسىدا ياخشى قىممەت تىكلەشنى ۋە كۈچلۈك ئەخلاق يېتىلدۈرۈشنى ئىستەيدىكەنمىز، بىزدە ئۇلارغا ئاشۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش ۋە تەشەببۇس قىلىش ئىرادىسى بار بولۇشى كېرەك. بۇ بىزدىن بەزىدە «ئۇنداق قىلىش خاتا!» دېيىشنى تەلەپ قىلىدۇ.




**1-رەسىم: روھىمىز ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەندە، بىز تونىل (ياكى ئۆڭكۈر) نىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى نۇرنى كۆرەلمەيمىز؛ بىز پەقەت تېخىمۇ ئۇزۇن تونىلنى كۆرىمىز. ئاشۇنداق ۋاقىتتا بىز چوقۇم جاسارەت كۆرسىتىپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە تەسلىمچىلىكنى رەت قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى بايلىقلىرىنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. ئېتىقاد بىلەن قاتتىق ئىرادە بىرلىكتە بىر يالقۇننى ياندۇرىدۇ، ھەمدە ئۈمىد شاملى ئۇ يالقۇننى بىر كۈچلۈك ئوتقا ئايلاندۇرۇپ، بىزگە بىر چىقىش يولىنى يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. Michael Josephson.**




2-رەسىم: ئازاب-ئوقۇبەت چوقۇم ئاخىرلىشىدۇ، شۇڭا بەرداشلىق بېرىڭ. تونىلنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكىسى سىزنىڭ ھاياتىڭىز؛ ۋاقىتنىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغىنى پەقەت تونىلدىنلا ئىبارەت. Michael Josephson.

## پايدىلىنىش مەنبەسى:

[1] Michael Josephson: « Noah's Term Paper»
http://whatwillmatter.com/2013/05/commentary-828-1-noahs-term-paper/

بۇ ماقالىنى «پىداكار» قېرىندىشىمىز تەھرىرلىدى.